# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 5 ـ ئاي
17
جۈمە
维吾尔文5月17日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24698 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


### شى جىنپىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئەقلىي ئىقتىدار يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى خەت ئەۋەتىپ تەبرىكلەپ مۇنداق تەكىتلىدى

## يېڭى بىر ئەۋلاد سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، تيەنجىن، 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 3 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئەقلىي ئىقتىدار يىغىنى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تيەنجىندە ئېچىلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

**تەبرىك خېتى**

دۇنيا ئەقلىي ئىقتىدار يىغىنى ئېچىلىش پەيتىدە، مەن يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! يىغىنغا قاتناشقان خەلقئارادىكى داڭلىق كارخانىچىلار، كەسىپ ساھەسىدىكى باشلامچى زاتلار ۋە تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەر قاتارلىق ھەر ساھە زاتلىرىنى سەمىمىي قارشى ئالىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن!

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ 6 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ئۆزىنى ئۆزى قۇدرەت تاپقۇزۇش نەمۇنىچىلىرىنى ۋە مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش ئىلغارلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشتى

### لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى



5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ قاتارلىقلار بېيجىڭ خەلق سارىيىدا 6 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ئۆزىنى ئۆزى قۇدرەت تاپقۇزۇش نەمۇنىچىلىرىنى ۋە مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش ئىلغارلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشتى.
□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى **لى شۆرېن** فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار جاڭ شياۋسۇڭ، لو جېڭگۇاڭ)** 6 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ئۆزىنى ئۆزى قۇدرەت تاپقۇزۇش نەمۇنىچىلىرىنى ۋە مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش ئىلغارلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ خەلق سارىيىدا يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن سەمىمىي كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇلارنى غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ئېلىمىز مېيىپلەر ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11دە، شى جىنپىڭ قاتارلىقلار خەلق سارىيىنىڭ شىمالىي چوڭ زالىغا كەلگەندە، پۈتۈن زالدا قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. شى جىنپىڭ قاتارلىقلار ۋەكىللەر بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، كۆيۈنگەن ھالدا ئۇلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى ھەم كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ خەلقئارا سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ۋە مائارىپ يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

تەپسىلاتى 2 ـ بەتتە

### «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندى

## يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى نەشردىن چىققان 10 ـ سان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك» دېگەن مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېشىللىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى كۈچەپ يولغا قويۇش كېرەك. يېشىللىق يارىتىش تۇتۇلسا، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى ھەرقەتكە كەلتۈرىدىغان «مۇھىم تۇتقا»نى تۇتقىلى بولىدۇ. يېشىللىق يارىتىشنى تۇتقانلىق تەرەققىياتنى تۇتقانلىق، يېشىللىق يارىتىشنى كۈزلىگەنلىك كەلگۈسىنى كۈزلىگەنلىك. بىز جەزمەن تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى يېشىللىق يارىتىشقا قويۇپ، يېشىللىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى يېتىلدۈرۈش، ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرىدىغان تېخىمۇ كۆپ يېتەكلەش تىپىدىكى تەرەققىياتنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، باشقىلاردا بار بولسا مەندىمۇ بار، باشقىلاردا بار بولسا مەندە كۈچلۈكى بار، باشقىلاردا كۈچلۈكى بولسا مەندە ئەلاسى بار، دېگەننى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 52 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 52 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش دوكلاتى بېرىش تۈزۈمى»نى تەتقىق قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ يەسلى مائارىپى خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى ھەم مەخسۇس تېمىدا سۈرۈشتۈرۈش خىزمەت لايىھەسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، يىغىندا «دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئالغا سىلجىتىش»نى چۆرىدەپ مەخسۇس تېمىلىق مۇھاكىمە قىلىش قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا قاتناشتى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### مەركەزنىڭ قارار، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش نازارەتچىلىكى ـ يېتەكچىلىكى شىنجاڭدا

## ئاپتونوم رايونىمىز بىناكارلىق ساھەسىنىڭ باشقۇرۇش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغان قارا، رەزىل كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بەردى

مۇخبىرلىرىمىز **ياڭ شۇخەن، جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى بىناكارلىق ساھەسىدىكى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس ھەرىكىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق ساھەسىدىكى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا قايتا سەپەرۋەرلىك قىلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)


新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى


### سەلتەنەتلىك 70 يىل · كۆرەشچان يېڭى دەۋر

تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا چوڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش

## مەھەللىدىكى «بىر ئائىلە كىشىلىرى»

□گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى **چېن چېن، جېن شىشىن، يۈ يېچاڭ**

«56 يۇلتۇز تۈركۈمى 56 تال گۈل، 56 مىللەتتىن بولغان ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل بىر ئائىلە، 56 خىل تىل بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاندى، مەن جۇڭخۇانى سۆيىمەن، مەن جۇڭخۇانى سۆيىمەن، مەن جۇڭخۇانى سۆيىمەن...» مەيلى قەيەردىلا بولسۇن بۇ ناخشا ئېيتىلغاندا، ھەممە كىشى قەلبىدىن بىر خىل كۈچنى، بىر خىل ئىنتىپاقلىق كۈچىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

قۇبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ قۇبۇقسار بازىرى باينشېرگ مەھەللىسىدە مۇنداق ئۈچ جۈپ ئائىلە بار، گەرچە ئۇلارنىڭ تىلى، ئۆرپ ـ ئادىتى ئوخشىمىسىمۇ، بىراق ئۇلار 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ 60 ـ يىللىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بېرىش ـ كېلىش قىلىپ، «56 مىللەتتىن بولغان ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل بىر ئائىلە» دېگەن مىسرانىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشەندۈرۈپ بەردى.

■**«بىر ئۆمۈر ياخشى ئاچا ـ سىڭىل بولۇپ ئۆتىمىز»**

باينشېرگ مەھەللىسىدە، ئاچا ـ سىڭىللاردەك يېقىن ئۆتىدىغان ئىككى ئايال بولۇپ، ئۇلار داغۇر مىللىتىدىن بولغان 82 ياشلىق ئاچىسى سى يۈلىڭ بىلەن موڭغۇل مىللىتىدىن بولغان 71 ياشلىق سىڭلىسى جاڭغا ئوينچىمەك ئىدى. 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، سى يۈلىڭ بىلەن ئوينچىمەكنىڭ جەم بولۇش كۈنى. ئۇلار ھەر ئايدا نۆۋەت بىلەن تەكلىپ قىلىشىپ بىر قېتىم جەم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ جەم بولۇپ، پاراڭلىشىش ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقىنىغا 41 يىل بولدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى ئاسىيا مەدەنىيلىكى سەييارە ئويۇن قويۇش پائالىيىتىدە ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرى ئورۇنلىماقتا.
□مۇخبىرىمىز **خەن لياڭ** فوتوسى

## «شىنجاڭ ياخشى جاي» ئاسىيا مەدەنىيلىكى سەييارە ئويۇن قويۇش پائالىيىتىدە قالتىس نامايان بولدى

مۇخبىرىمىز **سۈي يۈنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاسىيا مەدەنىيلىكى سەييارە ئويۇن قويۇش پائالىيىتى، ئاسىيا مەززىلىك تائاملار بايرىمىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى بېيجىڭ ئولىمپىك باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلدى، «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق شادىيانە مۇزىكىنىڭ ياڭرىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى قايناق ھېسسىياتقا تولغان ئويۇنى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىنىڭ مۇھىم يانداش پائالىيىتى بولغان ئاسىيا مەدەنىيلىكى سەييارە ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ۋە ئاسىيا مەززىلىك تائاملار بايرىمى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە داۋاملىشىدۇ.

ئاسىيا مەدەنىيلىكى سەييارە ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيىتى ۋە شانلىق مەدەنىيەت نەتىجىلىرى مۇجەسسەملەنگەن. بېنگال، كامبودژا، ھىندىستان قاتارلىق 16 دۆلەت ئويۇن قويۇش ئۆمىكى ئەۋەتتى، جۇڭگومۇ ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئويۇن قويۇش ئۆمەكلىرىنى تاللاپ، كاتتا سەييارە ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە قاتناشتۇردى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سكانىرلاپ كۆرۈڭ